بسم الله الرحمن الرحيم

# ئىسلام ئاۋازى

## 2- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاذْكُرُونِي أَذْكُرْكُمْ وَاشْكُرُوا لِي وَلَا تَكْفُرُونِ﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«مېنى (تائەت - ئىبادەت بىلەن) ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغپىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار» (سۈرە بەقەرە 152- ئايەت).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

سەھىھ ھەدىستە الله سبحانه وتعالى مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئادەم بالىسى! سەن مېنى كۆڭلۈڭدە ياد ئەتسەڭ، مەنمۇ سېنى كۆڭلۈمدە ياد ئېتىمەن؛ سەن مېنى جامائەت ئىچىدە ياد ئەتسەڭ، مەنمۇ سېنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىر جامائەتتە ياد ئېتىمەن. سەن ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشساڭ، مەن ساڭا بىر گەز يېقىنلىشىمەن؛ سەن ماڭا بىر گەز يېقىنلاشساڭ، مەن ساڭا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن. سەن ماڭا مېڭىپ كەلسەڭ، مەن ساڭا يۈگۈرۈپ بارىمەن».

تەپسىر قۇرتۇبىدا مۇنداق دېيىلگەن: «سىلەر مېنى ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئەسلەڭلار، مەن سىلەرنى ساۋاب بېرىش ۋە مەغپىرەت قىلىش بىلەن ئەسلەيمەن».

﴿وَاشْكُرُوا لِي وَلَا تَكْفُرُونِ﴾ «ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار».

الله سبحانه وتعالى ئۆزىگە شۈكۈر قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە ئۆزىگە شۈكۈر قىلغان ئادەمگە ياخشىلىقنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلار: <نېئمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن؛ ئەگەر (كۇفرانى نېئمەت) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم ئەلۋەتتە بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ> دەپ جاكارلىدى» (سۈرە ئىبراھىم 7- ئايەت).

شۈكۈر قىلىش دېگەن — نېئمەتنى تونۇش، ئۇنى سۆزلەش ۋە شۇ نېئمەتلەر بىلەن الله رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشتۇر.

# دىنى ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

سوئال: «سەلەف» دېگەن سۆزنىڭ ئىستىلاھى مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: «سەلەف» دېگەن سۆز ئەقىدە ئالىملىرىنىڭ نەزىرىدە ئىستېمال قىلىنغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ياخشىلىق بىلەن گۇۋاھلىق بەرگەن ساھابىلەر، تابىئىنلار ۋە تەبئى تابىئىنلاردىن ئىبارەت پەزىلەتلىك دەسلەپكى ئۈچ ئەسىر ئىگىلىرى كۆرسىتىلىدۇ. مۇشۇ مۇبارەك ئۈچ ئەسىر ئىگىلىرى ئومۇمىي جەھەتتە ئۈممەتنىڭ ئەۋزەللىرىدۇر.

ۋە يەنە «سەلەف» دېگىنىمىز — شۇ پەزىلەتلىك ئۈچ ئەسىر ئىگىلىرىگە ئەگەشكەن، ئىماملىق، پەزىلەت، سۈننەتكە ئەگىشىش ۋە بىدئەتتىن يىراق تۇرۇش، ئۇ بىدئەتتىن ئېھتىيات قىلىش بىلەن ئۆزلىرىگە ياخشى گۇۋاھلىق بېرىلگەن، ئۇلارنىڭ ئىماملىقىغا ۋە ئۇلارنىڭ دىنىدىكى شەنىنىڭ كاتتىلىقىغا ئۈممەت ئىتتىپاقلىقا كەلگەن ئىماملاردىن ۋە ئادالەتلىك ئىسلام ئالىملىرىدىن ئىبارەتتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى باش مەنبە «سەلەف سالىھ» دەپ ئاتالدى. بۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلى شۇكى، الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يُشَاقِقِ الرَّسُولَ مِنْ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُ الْهُدَى وَيَتَّبِعْ غَيْرَ سَبِيلِ الْمُؤْمِنِينَ نُوَلِّهِ مَا تَوَلَّى وَنُصْلِهِ جَهَنَّمَ وَسَاءَتْ مَصِيرًا﴾ «كىمكى ئۆزىگە (مۆجىزىلەر ئارقىلىق) توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە) مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۇئمىنلەرنىڭ يولىدىن غەيرىگە ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!» (سۈرە نىسا 115- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالسَّابِقُونَ الْأَوَّلُونَ مِنَ الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَارِ وَالَّذِينَ اتَّبَعُوهُمْ بِإِحْسَانٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ وَأَعَدَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي تَحْتَهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾ «ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار)دىن الله رازى بولدى، ئۇلارمۇ اللهتىن مەمنۇن بولدى. الله ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەختتۇر» (سۈرە تەۋبە 100- ئايەت).

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ ئەسرىمدىكى كىشىلەر، ئاندىن كېيىن ئۇلارغا ياندىشىپ كەلگەنلەر، ئاندىن كېيىن ئۇلارغا ياندىشىپ كەلگەنلەردۇر» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

سوئال: بۇ ئۈممەتنىڭ سەلەفلىرى كىملەر؟

جاۋاب: رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئۇ زاتنىڭ ساھابىلىرى، ساھابىلەرگە ئېھسان بىلەن ئەگەشكەن تابىئىنلار — بۇ ئۈممەتنىڭ سەلەفلىرىدۇر.

سوئال: سەلەفنىڭ يولى ئۈستىدىكىلەر (يەنى سەلەفنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى) كىملەر؟

جاۋاب: رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ساھابىلەر، تابىئىنلار دەۋەت قىلغان نەرسىنىڭ ئوخشىشىغا دەۋەت قىلىدىغان ھەر قانداق كىشىلەر سەلەفنىڭ يولى ئۈستىدىكى كىشىلەردۇر.

سوئال: سەلەفنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇشتىكى شەرت نېمە؟

جاۋاب: سەلەفنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇشتا زامان جەھەتتىكى چەكلىمە شەرت ئەمەس بەلكى بۇنىڭدىكى شەرت ئەقىدىدە ۋە ھۆكۈملەردە، مەنھەجلەردە سەلەفنىڭ چۈشەنچىسى بىلەن كىتاب ۋە سۈننەتكە مۇۋاپىقلىشىشتۇر. مۇشۇ ھالەتتە كىتاب ۋە سۈننەتكە مۇۋاپىقلاشقان ھەر قانداق كىشىلەر گەرچە ئۇلار بىلەن سەلەفنىڭ ئارىسىدىكى ماكان ۋە زامان يىراقلاشقان تەقدىردىمۇ سەلەفنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدۇر.

سەلەفكە قارشى يول تۇتقان ھەر قانداق بىر ئىنسان گەرچە ئۇ ئىنسان سەلەف ئاشكارا بولغان ماكاندا ۋە زاماندا ياشىغان تەقدىردىمۇ سەلەفنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئەمەس.

سوئال: سەلەف سالىھنىڭ ئىمامى كىم؟

جاۋاب: سەلەف سالىھنىڭ ئىمامى رەسۇلۇللاھ ﷺ دۇر. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللَّهِ وَالَّذِينَ مَعَهُ أَشِدَّاءُ عَلَى الْكُفَّارِ رُحَمَاءُ بَيْنَهُمْ تَرَاهُمْ رُكَّعًا سُجَّدًا يَبْتَغُونَ فَضْلًا مِنَ اللَّهِ وَرِضْوَانًا سِيمَاهُمْ فِي وُجُوهِهِمْ مِنْ أَثَرِ السُّجُودِ ذَلِكَ مَثَلُهُمْ فِي التَّوْرَاةِ وَمَثَلُهُمْ فِي الْإِنْجِيلِ كَزَرْعٍ أَخْرَجَ شَطْأَهُ فَآزَرَهُ فَاسْتَغْلَظَ فَاسْتَوَى عَلَى سُوقِهِ يُعْجِبُ الزُّرَّاعَ لِيَغِيظَ بِهِمُ الْكُفَّارَ وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ مِنْهُمْ مَغْفِرَةً وَأَجْرًا عَظِيمًا﴾ «مۇھەممەد الله نىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر، ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن. ئۇلار الله نىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن نىشانلار بار، ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىنجىلدىكى سۈپىتى بولسا (ئۇلار) شاخ چىقارغان، كۈچلىنىپ چوڭايغان، ئاندىن ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان، بولۇقلۇقى ۋە كۆركەم كۆرۈنۈشى بىلەن دېھقانلارنى مەمنۇن قىلغان بىر زىرائەتكە ئوخشايدۇ. (مۆئمىنلەرنى مۇنداق زىرائەتكە ئوخشىتىش) كۇففارلارنى خاپا قىلىش ئۈچۈندۇر، الله ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەت ۋە كاتتا ئەجىر ۋەدە قىلدى» (سۈرە فەتھ 29- ئايەت).

الله تعالى ئۆزىگە ئىتائەت قىلغانلىق بىلەن رەسۇلىغا ئىتائەت قىلغانلىقنى بىر يەردە كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يُطِعِ اللَّهَ وَالرَّسُولَ فَأُولَئِكَ مَعَ الَّذِينَ أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيْهِمْ مِنَ النَّبِيِّينَ وَالصِّدِّيقِينَ وَالشُّهَدَاءِ وَالصَّالِحِينَ وَحَسُنَ أُولَئِكَ رَفِيقًا﴾ «كىملەركى الله قا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) الله نىڭ نېئمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شەھىدلەر)، شەھىدلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار!» (سۈرە نىسا 69- ئايەت).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه أَنَّ رَسُولَ اللهِ ﷺ قَالَ: «تَرَكْتُ فِيكُمْ شَيْئَيْنِ لَنْ تَضِلُّوا بَعْدَهُما كِتابَ اللهِ وسُنَّتي وَلَنْ يَتَفَرَّقا حَتَّى يَرِدا عَلَيَّ الحَوْضَ» عن أبي هريرة (ك).

ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن ئاراڭلارغا ئىككى نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتتىم، ئىككىسىنى چىڭ تۇتساڭلار ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر. بىرى، الله نىڭ كىتابى قۇرئان؛ يەنە بىرى، مېنىڭ سۈننىتىم. بۇ ئىككىسى ھەۋزى كەۋسەر بويىدا ماڭا كەلگەنگە قەدەر بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدۇ» (ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن).

### ھەدىسنىڭ شەرھىيسى

«جامىئىي سەغىر»نىڭ شەرھىيسىدە بۇ ھەدىسكە مۇنداق شەرھىي بېرىلگەن: «كىتاب — الله نىڭ كالامىدۇر، سۈننەت — پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۆزلىرى، ئىش - پائالىيەتلىرى ۋە كۆرۈپ، ئاڭلاپ ئىنكار قىلمىغان ئىشلىرىدۇر».

«مەن ئاراڭلاردا ئىككى نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتتىم، ئۇ ئىككىسىنى چىڭ تۇتساڭلار ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر» دېگەن ھەدىسنىڭ مەنىسى — «بىزگە يەتكۈزگۈچى كەلمىگەن» دېگەن باھانە - سەۋەبلىرىڭلار ئارقىلىق ئېزىپ كېتىشىڭلارغا ھېچقانداق ئۆزرە يوق» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئالىملار بۇ ھەدىسنى تۆۋەندىكى ھەدىس ئارقىلىق شەرھلەيدۇ: «دىققەت قىلىڭلاركى، بىر ئادەمگە مەندىن بىر ھەدىس يېتىدۇ. ئۇ ئادەم ئورۇندۇقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ: <بىزنىڭ ئارىمىزدا الله نىڭ كىتابى بار، ئۇنىڭدا ھالال دېگەننى ھالال دەپ بىلىمىز، ھارام دېگەننى ھارام دەپ بىلىمىز> دېيىشى مۇمكىن. شۈبھىسىزكى، رەسۇلۇللاھ ھارام قىلغان نەرسە خۇددى الله ھارام قىلغانغا ئوخشاشتۇر».

يۇقىرىقى ھەدىستىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، دىنىنىڭ ئەسلى مەنبەسى قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئىبارەت ئىككى نەرسە بولۇپ، قانداق بىر كىشى ھەدىسنى قۇرئاندىن ئايرىۋەتسە، ئازغۇنلۇق يولىدا ماڭغان بولىدۇ.

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

مەسىلەن، ئۇزات لەشكىرىي يۈرۈشلەرگە تۇتۇش قىلىشتىن ئاۋۋال جۇھەينە قەبىلىسى بىلەن ئىتتىپاقداشلىق ئەھدىنامىسى ۋە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق ئەھدىنامىسى ئىمزالىدى. ئۇلارنىڭ يۇرتى مەدىنىدىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتا جايلاشقانىدى.

يەنە كېيىنكى ھەربىي يۈرۈشلىرى جەريانىدا بىر قانچە كېلىشىمنامە ئىمزالىدى. يەنە بىرى — مۇشۇ يول بويىغا ئارقىمۇئارقا قوشۇن ئەۋەتىپ چارلاشنى كۈچەيتتى.

### بەدر ئۇرۇشىنىڭ ئالدىدىكى غازاتلار ۋە ئەۋەتىلگەن قوشۇنلار

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئىككى لايىھەنى ئورۇنداش ئۈچۈن ھەربىي پائالىيەتلەر باشلىنىپ كەتتى. ئۇلار ھازىرقى زاماندىكى چارلاپ كۆزىتىش پائالىيەتلىرىگە ئوخشاش بىر تۈرلۈك ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى.

بۇنىڭدىن مەقسەت — بىز كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەككە - شام ئاساسلىق يولىنى كۆزىتىش، مەدىنە ئەتراپىدىكى چوڭ - كىچىك يوللار ۋە مەدىنىدىن مەككىگە بارىدىغان يوللارنىڭ جۇغراپىيىلىك يۆنىلىشىنى تونۇۋېلىش ھەم مۇشۇ يول بويلىرىغا جايلاشقان قەبىلىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەھدىنامىلەرنى ئورنىتىش ئىدى. شۇنىڭدەك يەسرىب (مەدىنە) مۇشرىكلىرى ۋە يەھۇدىيلىرىغا ھەمدە شۇ ئەتراپتىكى قاراقچى بەدەۋىيلەرگە: «ئەمدى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەربىي كۈچى بار بولدى، كونا زەئىپلىكىدىن قۇتۇلدى» دېگەننى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ۋە قۇرەيش دائىرىلىرىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدا خورەك تارتىپ يېتىۋېرىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ئىدى. شۇنداق قىلغاندا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ۋە

(داۋامى 2- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

تۇرمۇش يوللىرىنىڭ چوڭ خەۋپ - خەتەرگە يولۇقىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ تىنچلىققا مايىل بولۇشى؛ مۇسۇلمانلارنىڭ مەھەللىسىگە بېسىپ كېلىپ ئۇرۇشۇشتىن، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشنى چەكلەشتىن ھەمدە مەككىدىكى ئاجىز مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم سېلىشتىن توختىشى مۇمكىن ئىدى. تاكى شۇ چاغدا ئاندىن مۇسۇلمانلارمۇ بۇ ئارالنىڭ ھەممە يېرىدە الله نىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈشتە ئەركىن - ئازادە بولالايتتى.

تۆۋەندە مۇشۇ مەقسەتتە ئەۋەتىلگەن قوشۇنلارنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز:

### سەيفۇلبەھرى قوشۇنى

ھىجرىيىنىڭ 1- يىلى رامىزان (مىلادىيە 623- يىلى 4- ئايغا توغرا كېلىدۇ)دا رەسۇلۇللاھ ﷺ مەخسۇس مۇھاجىرلاردىن تەشكىللەنگەن 30 كىشىلىك بىر قوشۇنغا ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ رضي الله عنه نى ئەمىر قىلىپ قۇرەيشلەرنىڭ شامدىن كېلىۋاتقان بىر تىجارەت كارۋىنىنى توسۇشقا ئەۋەتتى.

كارۋاندا ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشام باشچىلىقىدا 300 ئادەم بار ئىدى. قوشۇن ئېيىس تەۋەلىكىدىن سەيفۇلبەھرى دېگەن جايغا يېتىپ بېرىپ كارۋان بىلەن ئۇچراشتى ۋە ھەر ئىككى تەرەپ سەپ تارتىپ جەڭگە تەييار بولغاندا، مەجدى ئىبنى ئەمرى (ئۇ ھەر ئىككىلى تەرەپنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن) ئارىغا چۈشۈپ ئۇلارنى ئۇرۇشتىن توسۇپ قالدى.

ھەمزە رضي الله عنه باشچىلىقىدىكى بۇ قوشۇننىڭ بايرىقى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆز قولى بىلەن چېگىپ بەرگەن تۇنجى بايراق بولۇپ، رەڭگى ئاق ئىدى. ئۇنى ئەبۇ مىرسەد كەناز ئىبنى ھۇسەين غەنەۋى رضي الله عنه كۆتۈرگەن ئىدى.

### رابىغ قوشۇنى

ھىجرىيىنىڭ 1- يىلى شەۋۋال (مىلادىيە 623- يىلى 4- ئاي)دا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇبەيدە ئىبنى ھارىس ئىبنى مۇتەللىپ رضي الله عنه نى مۇھاجىرلاردىن تەشكىللەنگەن 60 كىشىلىك بىر ئاتلىق قوشۇنغا باش قىلىپ بەتنى رابىغ دېگەن جايغا ئەۋەتتى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

## پەيغەمبەر تىبابىتى
## بىلىۋېلىڭ-ئىلىۋېلىڭ

### تۇخۇم (بَيْضٌ)

تۇخۇمنىڭ كونىسىدىن يېڭىسى ياخشى، توخۇ تۇخۇمى بارلىق ئۇچار قۇشلار تۇخۇمىدىن ياخشى. ئۇ سوغۇققا مايىل مۆتىدىل.

ئىبنى سىنا مۇنداق دېگەن: «تۇخۇمنىڭ ئېقى ئاغرىق توختىتىدۇ، گال ۋە نەپەسلىنىش يوللىرىنى سىلىقلايدۇ. گالغا، يۆتەلگە ۋە ئۆپكە، يۈرەك، دوۋساق جاراھەتلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. يىرىكلىكنى يوقىتىدۇ، بولۇپمۇ تاتلىق بادام مېغىزى بىلەن ئىستىمال قىلىنسا كۆكرەكنى يۇمشىتىپ بوشىتىدۇ، گالنىڭ يىرىكلىكىنى تۈزەيدۇ. ئىسسىقتىن ئىششىغان كۆزگە تېمىتىلسا ئۇنى سوۋۇتۇپ، ئاغرىقنى توختىتىدۇ. ئۇنى يەنە ئوتتا كۆيگەن يەرگە چاپسا قاپارچۇقلىماي ساقىيىدۇ. يۈزگە سۈرسە ئاپتاپ كۆيدۈرمەيدۇ. مەستىكى رومى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ پىشانىگە سۈرۈلسە، نەزلە (سوغۇق تېگىپ بۇرنى ئېقىش)گە مەنپەئەت قىلىدۇ».

ئىبنى سىنا يۈرەك دورىلىرى ھەققىدە توختىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «تۇخۇم گەرچە مۇتلەق دورا قاتارىدا سانالمىسىمۇ لېكىن بەدەننى كۈچلەندۈرۈشتە ئۇنىڭ رولى ناھايىتى يۇقىرى. ئۇ ئۈچ خۇسۇسىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. قانغا ئۆزگىرىشى تېز، ئارتۇق ماددىلىرى ئاز، ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان قان قەلبنى ئۇزۇقلاندۇرغان قان بىلەن بىر خىل شۇڭا ئۇ كېسەللەرنىڭ قارشىلىقىنى يوقىتىشقا ناھايىتى مۇۋاپىق».

## ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر (ئاياللىق) | |
|---|---|---|---|
| يَا | ھەي، ئى (چاقىرىق قوشۇمچىسى) | هِيَ كَبِيرَةٌ | ئۇ چوڭ |
| مَا...؟ | نېمە؟ (سوئال ئالمىشى) | هُنَّ كَبِيرَاتٌ | ئۇلار چوڭ |
| صَغِيرَةٌ | كىچىك (ئاياللىق) | اَنْتِ صَغِيرَةٌ | سىز كىچىك |
| صَغِيْرَاتٌ | كىچىكلەر (ئاياللىق) | اَنْتُنَّ صَغِيْرَاتٌ | سىلەر كىچىك |
| كَبِيرَةٌ | چوڭ (ئاياللىق) | اَنَا طَوِيلَةٌ | مەن ئېگىز |
| كَبِيرَاتٌ | چوڭلار (ئاياللىق) | نَحْنُ طَوِيْلَاتٌ | بىز ئېگىز |
| طَوِيْلَةٌ | ئېگىز (ئاياللىق) | هِيَ قَصِيْرَةٌ | ئۇ پاكار |
| طَوِيْلَاتٌ | ئېگىزلەر (ئاياللىق) | هُنَّ قَصِيْرَاتٌ | ئۇلار پاكار |
| قَصِيْرَةٌ | قىسقا، پاكار (ئاياللىق) | اَنْتِ طَوِيْلَةٌ | سىز ئېگىز |
| قَصِيْرَاتٌ | قىسقىلار (ئاياللار) | اَنْتُنَّ طَوِيْلَاتٌ | سىلەر ئېگىز |
| اِسْمٌ | ئىسىم | اَنَا كَبِيرَةٌ | مەن چوڭ |
| اِسْمِى | مېنىڭ ئىسمىم | نَحْنُ كَبِيرَاتٌ | بىز چوڭ |

## ئائىلىدىكى رېتسېپلار

### ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقنى داۋالاش

بۇ — ھارارىتى يۇقىرى جايلاردا ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىش، ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەك - ئىچمەكلەر ۋە دورا - دەرمەكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى يۈز بېرىدىغان كېسەللىك بولۇپ، باش چىڭقىلىپ ئاغرىش، زىڭىلداپ ئاغرىش، ئۇيقۇ قېچىش، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، ماغدۇرسىزلىق ھەم بەدەن تېلىپ سىقىراپ ئاغرىشتەك ئالامەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

داۋالاش رېتسېپلىرى:

1. ئوبدان پىشقان شاپتۇلنى يەپ بەرسە مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شاء الله).
2. نەشپۈت ياكى ئامۇتنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىستىمال قىلسا مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شاء الله).
3. قارىئۆرۈكنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىستىمال قىلسا شىپا قىلىدۇ (إن شاء الله).
4. تاۋۇزنى قىرىپ سۈيىنى ئىچسە شىپا قىلىدۇ (إن شاء الله).




## شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسلامىي فەتھىلىك تارىخى

ئىبراھىم مەنسۇر

مىلادىيە 8- ئەسىردە قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنىڭ غەربىي تۈركىستاننى فەتھ قىلىشى ئاستىدا ئىسلام دىنى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن شەرقىي تۈركىستان خەلقى تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچىلىك بولغان ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانچىلىق تارىخىدا تۆت قېتىم كەڭ كۆلەملىك ئىسلامىي گۈللىنىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى ۋە كەچۈرمەكتە.

### شەرقىي تۈركىستاندىكى بىرىنچى قېتىملىق چوڭ ئىسلامىي گۈللىنىش دەۋرى

بۇ دەۋر سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان (يەنى ئابدۇلكېرەمخان)نىڭ مىلادىيە 932- يىلى قەشقەردىكى خان ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانلىق ھوقۇقىنى تارتىپ ئېلىپ، ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىشى بىلەن باشلىنىپ، 1212- يىلى قاراختايلار (يەنى بۇددىست تۈركىي خەلقى)نىڭ قەشقەرنى بېسىۋېلىپ، قاراخانىيلارنى تولۇق يوق قىلىشى بىلەن ئاياغلاشقان. بۇ دەۋرنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى:

1. بۇ — شەرق ئىسلام تارىخىدا تۇنجى قېتىم يەرلىك مۇسۇلمان خەلق ئۆزى قوزغىلىپ چىقىپ مەيدانغا كەلتۈرگەن چوڭ بىر ئىسلامىي گۈللىنىش دەۋرى بولدى.
2. بۇ دەۋر تۈرك خەلقلەرنىڭ تۇنجى بولۇپ بىر ئىسلامىي دۆلەت تەشكىللەپ خەلىپىگە بەيئەت قىلىش بىلەن باشلاندى، بۇ باشلىنىش پۈتۈن تۈرك خەلقلەر تارىخىغا يۆنىلىش خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسەتتى.
3. بۇ دەۋردە ئىسلام دىنى بۇددا دىنى ئۈستىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ زور كۆپچىلىك زېمىنىدا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقى مۇسۇلمان خەلق سۈپىتىدە ئۇممەتنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ مۇتلەق مۇقىملاشتى.

### شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ ئىسلامىي گۈللىنىش دەۋرى

بۇ دەۋر شەرقىي تۈركىستاندىكى قاراختايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى باسقان چىڭگىزخان ئەۋلادىدىن بولغان چاغاي موڭغۇللىرىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى بىلەن باشلىنىپ، مىلادىيە 14- ئەسىردە ياشىغان تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قولىدا يۇقىرى دولقۇنغا چىقىپ، 1682- يىلى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ماۋرائۇننەھىرلىك سوپى - ئىشانلار بىلەن تىبەت موڭغۇل بۇددىستلىرىنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمىدا يىقىلىشى بىلەن ئاخىرلاشقان. بۇ دەۋرنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى:

1. قاراختاي ۋە موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمى سەۋەبلىك شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان كاپىر مىللەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك مۇسۇلمانلىشىپ ۋە تۈركلىشىپ يەرلىك خەلققە ئايلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ دەۋرنىڭ ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستاندا كاپىر مىللەتلەرنىڭ تۇپلاشقان گەۋدىسى قالمىدى.
2. شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئىسلام دىنى يەتمىگەن بىر قىسىم تۈركىستان بۇددىستلىرىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك بۇ دەۋردە تولۇق مۇسۇلمانلاشتى.
3. جىزىيە تۆلەپ ياشاۋاتقان يەرلىك كاپىر قەبىلىلەرنىڭ قالدۇقلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى.
4. شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدە يەرلىك تۈرك قەبىلىلەر ئاساسەن بىر - بىرىگە كىرىشىپ يوقىلىپ، يەرلىك تىل تەركىبلىرى ئاساسەن تۈگەپ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقى كۈچەيدى.

### شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۈچىنچى قېتىملىق چوڭ ئىسلامىي گۈللىنىش دەۋرى

بۇ دەۋر 1758- يىلى شەرقىي تۈركىستاننى سوپى - ئىشان ۋە تىبەت - موڭغۇللارنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان مانجۇلارغا قارشى جىھادنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن باشلىنىپ، قەشقەر خانلىقى ۋاقتىدا يۇقىرى دولقۇنغا چىقىپ، 1884- يىلى 11- ئاينىڭ 17- كۈنى شەرقىي تۈركىستاندا مانجۇلارنىڭ شىنجاڭ (يەنى يېڭى چېگرا) دېگەن ئۆلكىنى تەسىس قىلىش بىلەن ئاخىرلاشقان. بۇ دەۋرنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى:

1. كاپىرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەۋجۇتلۇقى تولۇق يىمىرىلدى. شەرقىي تۈركىستان ساپلاشقان بىر ئىسلامىي دىيارغا ئايلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ خەۋپ ئاستىدا قالغان ئىسلامىي مەۋجۇتلۇقى ھاياتىي كۈچكە ئېرىشتى.
2. ئوسمانىي خىلاپەت يىمىرىلىۋاتقان 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا شەرقىي تۈركىستان مانجۇ كاپىرلىرىنىڭ قولىدىن تولۇق مۇستەقىل بولۇپ، ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلدى ۋە ئىستانبۇل (يەنى ئەينى ۋاقىتتىكى خىلاپەت مەركىزى)غا بەيئەت قىلدى. بۇ ئىسلام دىيارلىرى ئارقا - ئارقىدىن كاپىرلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىۋاتقان شۇ دەۋردە دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن چوڭ بىر ئەجابىي ۋەقە بولدى.

### شەرقىي تۈركىستاندىكى تۆتىنچى قېتىملىق چوڭ ئىسلامىي گۈللىنىش دەۋرى

بۇ دەۋر 1900- يىللارنىڭ بېشىدا شەھىد ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدىكى تەۋھىد ئۆلىمالىرىنىڭ قوزغىغان دىنىي تەلىم - تەربىيە ھەرىكىتى بىلەن باشلىنىپ، 1933- يىلى، 1950- يىللارنىڭ بېشى ۋە 1980- يىللارنىڭ ئاخىرى ئۈچ قېتىم يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، ھازىر سىستېمىلىق بىر كۆتۈرۈلۈش باسقۇچىغا كىردى. بۇ كۆتۈرۈلۈش تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ جىھاد بايرىقىنى ئۇممەتچىلىك ئەقىدىسى بىلەن كۆتۈرۈپ چىقىش ئارقىلىق گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. بۇ دەۋرنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى:

1. سوپى - ئىشانلار بىلەن تاجاۋۇزچى كاپىرلارنىڭ تەسىرىدە ناھايىتى زەئىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىسلام دىنى شەرقىي تۈركىستاندا بىر قەدەر ساپراق، ئېنىق، ئۆچۈرۈلمەس بىر ھالەتكە كەلدى.
2. جىھاد شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى بولۇپ مۇقىملاشتى. بۇ دەۋر شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسلامىي مۇستەقىللىقىنىڭ ھارپىسىدا تۇرماقتا.



# شەيخ ئەبۇ بەسىر ناسىر ئابدۇلكەرىم ۋەھىيشي رَحِمَهُ الله نىڭ «شەرىئەتنى تەتبىقلاش دېگەن ئۇقۇمدا نېمىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ؟!» ناملىق دەۋىتى

شەيخ ناسىر ئابدۇلكەرىم ۋەھىيشي رَحِمَهُ الله (1976–2015)

ئۇ ـــ ئەلقائىدە جامائىتىنىڭ نائىب ئەمىرى ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئەلقائىدە جامائىتىنىڭ سابىق ئەمىرى. ئىلگىرى ئۇسامە بىنلادىن رَحِمَهُ الله نىڭ خاس كاتىپى بولۇپ ئىشلىگەن.

2001- يىلى ئىران ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، يەمەن ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن سەنئانىڭ مەركىزي ئاخبارات ئىدارىسى تۈرمىسىگە قامالغان.

2006- يىلى 23 كىشىنىڭ قاتارىدا تۈرمىدىن قاچقان.

2014- يىلى 10- ئايدا ئامېرىكا تەرىپىدىن 10 مىليون دوللارلىق تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان.

2015- يىلى ئامېرىكا ئۇچقۇچىسىز جاسۇس ئايروپىلانى تەرىپىدىن شەھىد قىلىنغان.

**الحمد لله رب العالمين والصلاة والسلام على نبينا محمد وعلى آله وصحبه أجمعين!**

بۇ قىتىمقى سۆھبەتتە شەرىئەت ھۆكۈمىنى يۈرگۈزۈش ۋە زېمىندا قۇدرەت تېپىش توغرىسىدىكى بەزى ئىشلار ھەققىدە توختالماقچىمىز.

ئى قېرىنداشلار! مۇقەررەركى، مۇكەممەل قۇدرەت تېپىش تېخى ئەمەلگە ئاشقىنى يوق. مۇشۇ خىل ھالەتتە بەزى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كاللىسىدىكى شەرىئەتنى تەتبىقلاش چۈشەنچىسى توغرا ئەمەس، الله زېمىندا قۇدرەت تاپقۇزغانلارنىڭ ئۇلار ئېرىشىشكە تېگىشلىك بولغان ھەق - ھوقۇقلىرىنى ۋە ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان مەجبۇرىيەتلىرىنى بىلىشى زۆرۈر بولىدۇ.

نۆۋەتتە كىشىلەر «باشقىلارغا شەرىئەتنى تەتبىقلاش ۋە شەرىئەت ھۆكۈمىنى يۈرگۈزۈش پەقەت ئۇلاردىن قولغا كەلتۈرىدىغان ھەق ۋە مەنپەئەتلەردە بولىدۇ» دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان مەجبۇرىيەتلەرنى، ئۆزىدىن تەلەپ قىلىپ قويماستىن باشقىلارغا ئۆزىنىڭ گېپىنى ئاڭلىتىش، باشقىلارنى بويسۇندۇرۇش، يامانلىقلارنى تاشلاتقۇزۇش ۋە ئۇلارغا قارىتا شەرىئەتتە كەسكىن دەلىلى بولمىغان ياكى كىشىلەر ئارىسىدا شۇ ئىشقا قارىتا ئىختىلاپ بولغان بىر قىسىم مۇستەھەب ئەمەللەرنى يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرىدۇ. بىراق باشقىلارغا ئۆتەيدىغان مەجبۇرىيەتلەرنى يەنى كىشىلەرنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى كاپالەتلەندۇرۇش، يېمەك - ئىچمىكىنى تولۇقلاش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ۋاجىب ئەمەس دەپ قاراپ، بۇلارنى شەرىئەتنى تەتبىقلاشنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى ئاتايمۇ قويمايدۇ.

مەلۇم بىر مۇسۇلمان ياكى مۇجاھىد بىر مۇسۇلمان كىشىنى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەست ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن جان تالىشىپ سۇ تەلەپ قىلغان ھالەتتە كۆرسە ئاۋۋال بۇ كىشىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرامدۇ ياكى بۇ كىشىگە جازا يۈرگۈزەمدۇ؟ بۇنداق ۋاقىتتا ئۇ مۇسۇلمان ۋە مۇجاھىدنىڭ مەجبۇرىيىتى نېمە؟ الله نىڭ (جازا ھەققىدىكى) ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلىشمۇ ياكى ئۇ كىشىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇشمۇ؟ شەكسىزكى، بۇ خىل ئەھۋالدا ھەرقانداق بىر كىشى «بۇ مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇشى زۆرۈر، ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن جازا يۈرگۈزۈش كېرەك» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بۇمۇ الله نىڭ ھۆكۈمى، ئۇمۇ الله نىڭ ھۆكۈمى، ھەر ئىككىسى ئوخشاش. ئۇ مۇسۇلمان (ياكى مۇجاھىد) الله نىڭ ھۆكۈمىدە بۇ كىشىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇشى ئاندىن بۇ كىشىگە جازا يۈرگۈزۈشى لازىم. ئەگەر بۇ كىشىگە شۇ ھالىتىدە (مەست ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن جان تالىشىپ سۇ تەلەپ قىلغان ھالىتىدە) جازا يۈرگۈزسە، شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇسۇلمان كىشى ئۆلۈپ كەتسە جازا يۈرگۈزگۈچىنىڭ دىيەت تاپشۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ چۈنكى ئۇ (مۇسۇلمان ياكى مۇجاھىد) بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى.

گەرچە ئۆزى توغرا دەپ ھېس قىلغان بولسىمۇ ئۇ مۇسۇلماننىڭ ياكى مۇجاھىدنىڭ چۈشەنچىسى توغرا ئەمەس. يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدا بۇ كىشىگە جازا يۈرگۈزۈش خاتا. يۇقىرىقى ھالەت شەرىئەتنى تەتبىقلاشنى پەقەت بازارلاردىكى سۈرەتلەرنى ئۆچۈرۈش، ناخشا - مۇزىكىلارنى چەكلەش، ئاياللارنى ھىجابلىنىشقا بۇيرۇش ۋە ھىجابلىق ئاياللارنىڭ كۆزىنى ئېتىشكە چاقىرىش دەپ ئويلايدىغان كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئاساسىي چۈشەنچىلىرىگە ئوخشايدۇ. بۇنداق كىشىلەر كوچىلاردىكى ئاشكارا يامانلىقلارنىڭ بەزىبىر قىسمىنى چەكلەشنىڭ ۋە كوچىلاردىكى يامانلىقلارنى كۆرمەسلىكنىڭ ئۆزىلا شەرىئەتنى تەتبىقلىغانلىق دەپ قارايدۇ، گەرچە ئۇلار كىچىك گۇناھلار بولسىمۇ. بۇنداق كىشىلەر كوچىلاردىكى شۇ خىلدىكى يامانلىقلارنىڭ ئۆزگەرتىلمەسلىكىنى شەرىئەتنى تەتبىقلىمىغانلىق دەپ ئويلايدۇ. بۇنداق قاراش الله نىڭ شەرىئىتىگە بولغان كەمچىل ۋە چولتا قاراشتۇر. بۇ يەردە كىشىلەرنى تەۋھىدكە، پەرز ئەمەللەرگە ۋە تاجاۋۇزچى دۈشمەننى چېكىندۈرۈشكە چاقىرىشتەك شەرىئەتتىن ئورۇن ئالغان مۇھىم تېمىلارمۇ بار. مانا بۇلارنى ئىجرا قىلىش شەرىئەتنى تەتبىقلاشتۇر. لېكىن، يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش نەزەر دائىرىسى تار كىشىلەر بۇنداق ئىشلاردىن پۈتۈنلەي غەپلەتتە بولۇپ، بۇلارنى ئېسىگە ئېلىپمۇ قويمايدۇ. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۈگۈنكى كۈندە تاجاۋۇزچى دۈشمەننى چېكىندۈرۈش زۆرۈر. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە **رحمه الله** نىڭ ئېيتقىنىغا ئوخشاش «ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن تاجاۋۇزچى دۈشمەننى چېكىندۈرۈشتىنمۇ مۇھىم ئىش يوق». بۇنداق قىلىش شەرىئەتنى يۈرگۈزگەنلىك بولۇپلا قالماستىن بەلكى شەرىئەت ھۆكۈملىرىدىكى مەجبۇرىيەتلەردىندۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز جەڭ قىلىپ دۈشمەنگە زەربە بېرىمىز ۋە كەينىگە قاچمايمىز. بىزدە ئالاھىدە پروگراممىا يوق لېكىن يۇقىرىقىدەك كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆز تۈزۈلمىلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئۆز جامائەتلىرىنى بەرپا قىلىشقا تەييارلىشى كېرەك. بۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا جامائەت بەرپا قىلىش، ئۆز تۈزۈلمىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە بۇلار ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش ئەڭ مۇھىم ئىشلار ھېسابلىنىدۇ. شۇ ئىشلار ئۈچۈن دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىش جىھادىنى ۋە شەرىئەتنىڭ كۆپلىگەن ۋاجىباتلىرىنى قايرىپ قويىدۇ ۋە بۇ ۋاجىباتلارنى ئورۇنداشنى شەرىئەت ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلىش دائىرىسىگە كىرمەيدىغان ئاددىي ئىشلار دەپ قارايدۇ بىراق بۇنداق ھالەت باشقىلاردا سادىر بولۇپ قالسا يۇقىرىقى ئىشلارنى شەرىئەت ھۆكۈمىنى يۈرگۈزۈش دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالىدۇ، مانا بۇ خاتا چۈشەنچىدۇر. سىز بىر ھەقىقىي مۇسۇلماندەك بۇ ئىشلارنى الله پەرز قىلغان شەرىئەتنى تەتبىقلاشتىن، ناماز ئوقۇشتىن ۋە زاكات بېرىشتىن، ۋاجىباتلارغا بۇيرۇشتىن ۋە كىشىلەرنى شېرىكتىن چەكلەپ تەۋھىدكە چاقىرىشتىن باشلىشىڭىز كېرەك.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن بولغان پاھىشە ئايال بىر مۈشۈك ياكى ئىتنى سۇغۇرۇپ، شۇ ئەمىلى سەۋەبلىك جەننەتكە كىردى. كىشىلەرنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇش، ئۆزىنىڭ گەدىنىدىكى باشقىلار ئۈچۈن ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش بۇ پاھىشە ئايالنىڭ ئىتنى سۇغارغىنىدىن ئەۋزەل ئەلۋەتتە!

شەرىئەت ھۆكۈمىنى يۈرگۈزۈش بىز بولۇشنى خالايدىغان ۋە شۇنداق بولۇشى توغرا دەپ چۈشىنىدىغان نەرسە بىلەن بولمايدۇ. شەرىئەت ھۆكۈمىنى يۈرگۈزۈش سىز خىيال قىلغان ۋە سىز چۈشەنگەن نەرسە بىلەن ئەمەس بەلكى الله ئىرادە قىلغان ۋە الله نىڭ ھۆكۈمىنى زېمىندا تەتبىقلاشتىن ئىبارەت الله نىڭ پەيغەمبىرى ئېلىپ كەلگەن نەرسە بىلەن بولىدۇ.

بىز ئالدىنقى سۆھبىتىمىزدە سەقىف قەبىلىسى ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ بىر رۈكنى بولغان زاكاتنى بەرمەسلىك شەرتىنى قويغانلىقىنى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭمۇ بۇ شەرتكە قوشۇلغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ شەرت ۋاجىب ئىشتا بولغان ئىدى، ئەلۋەتتە.

ئۇنداقتا بىزنىڭ كۆز قارىشىمىزدا مەئسىيەت دەپ قارىغان قىسمەن جىنايەتلەرنى قىلغان، بازارلاردىكى بېچارىلەرگە قانداق قارايسەن؟ مەسىلەن، ئۇلارنىڭ (يەنى بېچارىلەرنىڭ) نەزىرىدە ساقالنى چۈشۈرۈش سۈننەت، ھارام ئەمەس. يۈزنى ئېچىش، ئىشتاننى سۆرەپ كېيىش، يېرىم يالىڭاچ سۈرەتلەر، ناخشا - مۇزىكىلار ھارام ئەمەس. مانا بۇ ـــ بېچارىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇلارغا ئۇلارنىڭ پېشقەدەم شەيخلىرى ۋە مۇفتىلىرى شۇنداق پەتىۋا بەرگەن. ئۇلارنىڭ (يەنى بېچارىلەرنىڭ) نەزىرىدە بۇ ئىشلار ئىسلام رۈكنىدىن (يەنى ئاساسىدىن) دەپ قارالمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە سەقىف قەبىلىسى زاكات بەرمىگەن ھالەتتە پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى قوبۇل قىلغان ئىدى ۋە ئۆمەر **رضي الله عنه** تەغلىب خىرىستىئانلىرى بىلەن بىللە بولغاندا (تەغلىب خىرىستىئانلىرى ئەرەبلەردىن ئىدى)، ئۇلار ئۆمەر **رضي الله عنه** غا شەرت قويۇپ: «بىز دېگەن ئەرەب قەۋمىدىن شۇڭا بىز جىزيە بەرمەي باشقا ئەرەبلەرگە ئوخشاش زاكات بېرىمىز» دېدى. ئۆمەر **رضي الله عنه**: «سىلەر ئۇنى زاكات دەپ ئاتاڭلار، بىز ئۇنى جىزيە دەپ ئاتايمىز» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىختىلاپ ئاياغلاشتى، مەسىلە ناھايىتى ئاددىي.

الله نىڭ كەئبىسى تەۋھىد ئۆيى (يەنى بەيتۇللاھ)نى پەيغەمبەر ﷺ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەسلەپتە بىنا قىلغان ئۇلغا بىنا قىلىشنى ئويلىدى لېكىن قەۋمىنىڭ ئىسلامغا يېڭى كىرگەنلىكىنى، ئىسلامنى تولۇق چۈشىنىپ بولالمىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، كەئبىنى چېقىپ ئەسلى ئۇل ئۈستىگە قۇرۇپ چىقىشنى تەرك ئەتتى.

سىز ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى يەرلىك قانۇنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشىڭىز كېرەك، ھەقىقەتەن شۇ قانۇنلار كىشىلارگە گۇناھ - مەئسىيەت، پاسىقلىق، بىدئەت دېگەندەك كۆپلىگەن يامانلىقلارنى چوڭقۇر سىڭدۈرۈۋەتتى. سىز كىشىلەرنى بۇ كۇفرىدىن قۇتۇلدۇرۇشىڭىز كېرەك. سىز كىشىلەرگە قارىتا تەمكىن بولۇپ، ئۇلارغا دىننى ئۆگىتىشىڭىز كېرەك. شەرىئەتنىڭ شاخچە ئىشلىرىغا ئۆتۈپ كېتىپ ۋاجىب ئىشلىرىنى تەرك ئېتىپ قويماڭ. كىشىلەرنى ساقالنى ئېلىۋەتمەسلىككە، تاماكا چەكمەسلىككە ۋە ئىشتاننى سۆرەپ كىيمەسلىككە بۇيرۇپ ئەمما نامازغا بۇيرۇمىغان كىشى نادان ۋە دىندا كەمچىللىك قىلغان كىشىدۇر. ئۇ كىشىنىڭ شەرىئەتكە بولغان چۈشەنچىسى خاتا.

دەسلەپكى قەدەمدە سىز كىشىلەرنى ۋاجىب ئىشلارغا، تاجاۋۇزچى دۈشمەننى چېكىندۈرۈش ئۈچۈن جەڭ قىلىشقا، الله نىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى بولغان كاتتا تەۋھىدكە بۇيرۇشىڭىز كېرەك. كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا دېموكراتىزم، كوممۇنىزم ۋە سوتسىيالىزم ئىدىيىلىرى مەۋجۇت، ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە تەۋھىد توغرىسىدىكى چوڭ خاتالىقلارنىڭ كۆپىنچىلىرى بار.

شۇڭا شەرىئەتكە ئۆز ئىشىكىدىن كىرىڭ. بىلىمسىز بولسىڭىز «ئى بۇرادىرىم، مەن بىلىمسىز، پات ئارىدا سوراپ بىلىۋالىمەن» دېيىشىڭىز كېرەك. سىزنىڭ الله نىڭ شەرىئىتىگە ھاكىم بولۇۋېلىشىڭىز شەرىئەت ھۆكۈمىنى يۈرگۈزگەنلىك ئەمەس. ئۇلار سىزدىن شەرىئەت ھۆكۈملىرى ھەققىدە سوراپ قالسا، سىز: «الله بىلەن قەسەمكى، مەن بىلمەيمەن، ئالىملاردىن سوراپ كۆرۈڭ!» دېيىشىڭىز كېرەك. ئى قېرىندىشىم! نېمە ئۈچۈن سىز كاتتا ئالىملارمۇ ئۆزلىرىنى چەتكە ئالىدىغان پەتىۋالاردا باشقىلارغا ئىلىم ئۆگىتىپ ۋە پەتىۋا بېرىپ دىن ئەھكاملىرىنى چىڭىتىپ يۈرىسىز؟ بۇ خىل ئەھۋالدا سىز: «مەن بىلىمسىز، سىز الله نىڭ شەرىئىتىنى ئۆگىنىڭ، مەنمۇ الله نىڭ شەرىئىتىنى ئۆگىنەي» دېيىشىڭىز كېرەك. سىز قورال تۇتۇپ باقمىدىڭىز، ھەدىسلەردىن بىرەر ھەدىس يادلاپمۇ باقمىدىڭىز ياكى بىر كىشى سىزگە بىرەر سۆزنى دەپ بەرسە شاتۇتقا ئوخشاش ئۇنىڭ دېگىنىنى تەكرارلىيالايدىغان بولۇپ قالدىڭىز شۇڭا ئۆزىڭىز ھەققىدە الله تىن قورقۇڭ ۋە الله تەرەپكە قايتىڭ. شەرىئەتنى ئۆگىنىڭ، ئالىملاردىن سوراڭ. الله سىزنى خالىغانچە پەتىۋا بېرىپ، خالىغانچە ھالالنى ھارام قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە، قورال ئېسىۋېلىپ خالىغىنىڭىزنى قىلىشىڭىزغا ۋە «مۇكۇلانى[1] فەتىھ قىلىپ، قۇدرەت تاپتىم» دەپ دەۋا قىلىشىڭىزغا تەكلىپ قىلمىدى.

بىز ئۆزىمىزنى مۇكەممەل قۇدرەت تاپتۇق دېمەيمىز. ھەقىقەتەن بىز كىشىلەرنىڭ ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر **رضي الله عنهما** لار كەبى بولۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز لېكىن بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلاردۇر. بىز خالىغان ئىشلار رېئاللىقتىن تولىمۇ يىراق. مەلۇم بىر ئىشنى بىز خالىشىمىز مۇمكىن ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى يوق. ساھابىلەر ئارىسىدا ئەبۇ بەكرى **رضي الله عنه** دەك ساھابىلەرمۇ بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەسجىدكە سىيىپ قويغانلىرىمۇ بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەرخىل قاتلامدىكىلەر ھەم بار ئىدى. ساھابە كىرام **رضي الله عنهم** لار ھەرقايسى جەھەتلەردە بىر - بىرىدىن پەرقلىنەتتى. ئۇلارنىڭ قاتارىدا ياخشىلىقتا ئالدىرايدىغانلار بار ئىدى. ئوتتۇراھال يول تۇتقانلارمۇ بار ئىدى، گۇناھ - مەئسىيەتكە چۈشۈپ قالغانلارمۇ بار ئىدى. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلار ساھابە **رضي الله عنهم** لاردۇر.

خۇلەفائىرراشىدىن (توغرا يولغا يېتەكلەنگەن خەلىپىلەر)نىڭ تۆتىنچىسى بولغان ئەلى **رضي الله عنه** ئوسمان **رضي الله عنه** نىڭ قاتىلىنى ئۆلتۈرۈشنى تەرك ئەتتى. ئۇنداقتا ئەلى **رضي الله عنه** نى شەرىئەتنى تەتبىقلىمىغانلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزەمدۇق؟! ئەلى **رضي الله عنه** پاسىق، ئازغۇن ۋە بىدئەتخور دەمدۇق؟! ئەلى **رضي الله عنه** توغرا يولغا يېتەكلەنگەن خەلىپىلەرنىڭ بىرى ئەمەسمۇ؟! ئەمەلىيەتتە ئەلى **رضي الله عنه** ئوسمان **رضي الله عنه** نىڭ قاتىلىنى ئۆلتۈرۈشتىكى الله نىڭ ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلىشقا تاقىتى يەتمىگەن ئىدى. سىز تاقىتىڭىز يەتمىگەن ئىشنى تەرك ئېتىپ قويسىڭىز، شەرىئەت ھۆكۈمىنى يۈرگۈزمىگەن بولامسىز ياكى شەرىئەتنى تەتبىقلىمىغان بولامسىز؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئۇنداقتا، مۇكۇلانى فەتىھ قىلىپ، الله نىڭ ھۆكۈمىنى تەتبىقلىمىدىڭلار دېيىلسە توغرا بولامدۇ؟

ئى بۇرادىرىم، پەتىۋا بېرىشنى باشقىلارغا قالدۇرۇڭ، يەنى پەتىۋا ئىشىنى ئالىملارغا قويۇپ قويۇڭ. الله سىزگە ياخشى مۇكاپات بەرسۇن. بىز سىزنى الله نىڭ ھۆكۈمىگە ھاكىم بولسۇن دېگىنىمىز يوق بەلكى الله نىڭ ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلسۇن دەۋاتىمىز. ئالىملاردىن سوراڭ، ئۇلار سىزگە جاۋاب بېرىدۇ.

ئىلگىرى تىلغا ئالغىنىمىزدەك مەن بەزى بىر قىسىم كىشىلەردىكى چوڭ كەمچىلىكلەرنى مەقسەت قىلىۋاتىمەن. كىشىلەر «بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىشى كېرەك» دەپ قارايدۇ. سىز بۇ ئۈممەتنىڭ يولىيورۇقلارنى ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشنى ئويلايسىز ئەمما «ئۇلارنىڭ ئېرىشىشكە تېگىشلىك ھەق - ھوقۇقلىرىچۇ؟» دەپ سورىسا،

(داۋامى 4- بەتتە)

(بېشى 3- بەتتە)

«ئۇنىڭغا مېنىڭ كۈچۈم يەتمەيدۇ» دەيسىز. شەرىئەتتە پۇختا ئاساسى بولغان قول كېسىش، دەررە ئۇرۇش ۋە چالما - كېسەك قىلىشقا ئوخشاش شەرئىي جازالارغا كەلسەك، بىز ئۇلارنى جەڭ ۋاقىتلىرىدا قويۇپ تۇرامدۇق ياكى ئىجرا قىلامدۇق؟

سىزگە الله نىڭ نامى بىلەن شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بىز الله نىڭ شەرىئىتىدىكى جازالارنى تاشلاپ قويۇشنى قوبۇل قىلدۇق ئەمما مۇسلىمە ئاياللارنىڭ يۈزىنىڭ ئېچىلىشىنى قوبۇل قىلالمىدۇق. ئېنىق دەلىللەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشقا كۆڭلىمىز ئۇنىدى ئەمما كوچىدىكى ئاددىي بىر يامانلىقنى ئۇچراتساق ئۇنىڭغا سەۋر قىلىپ تۇرالمىدۇق. بىز «كىشىلەرنى الله تعالى غا ئاسىي بولغان ھالىتىدە تاشلاپ قويىمىز» دېمەيمىز ئەلۋەتتە. الله بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن!

كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ يىلتىز تارتىۋاتقان يامانلىقلار ھېلى ھەم بار. ئۇ كىشىلەرنىڭ يېنىدا يامانلىقلارغا قارىتا ئۆلىمالاردىن ئالغان دەلىللىرىمۇ تەييار. شۇنىڭ بىلەن سىز (ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى) بارچە ئىشلارنى ھارام قىلغان بولىسىز.

ئى قېرىنداشلار! قېرىنداشلىرىمىزغا يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش مەسىلىلەرگە قارىتا چۈشەنچە بېرىشىمىز كېرەك. بىز ياشلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئۇلارغا يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ھۆكۈملەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك. بىز كىشىلەرگە يېتەرلىك ھۆججەتلەرنى يەتكۈزۈشكە ۋە شەرئىي جەھەتتىكى ۋاجىب ئىشلارنى يەنى پەرز ئەينلەرنى يەتكۈزۈشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك. ئاندىن ئۇلارنى شېرىكتىن، گۇناھ - مەئسىيەتتىن ۋە يامانلىق يوللىرىدىن لوزۇنكا ۋە خەت - چەك دېگەندەك بارلىق دەۋەت ۋاستىلىرى ئارقىلىق توسۇشىمىز كېرەك. شەكسىزكى، بىز بۇ خىل ئىشلاردا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. سىزدىكى ھۇرۇنلۇق قىلىپ تاشلاپ قويۇش ۋە سەۋەنلىك سادىر قىلىشلارنى تىلغا ئالماي تۇرايلى، سىز بۇ ئىشقا ئۇرۇنۇش ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭىز كېرەك. ئەگەر بۇندىن ئىلگىرى سىز شەرىئەتتىكى بۇ خىل ۋاجىب ئىشلارنى تەرك ئەتكەن بولسىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن بولسىمۇ كىشىلەرنى پەرز نامازلارغا بۇيرۇش ۋە دەۋەت قىلىش ھەققىدە ئىزدىنىڭ. زاكات بېرىش، تاجاۋۇزچى دۈشمەننى چېكىندۈرۈش، شېرىك ۋە بىدئەتلەردىن توسۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭىز زۆرۈر بولغان ئىشلار قاتارىدىندۇر.

ئەتراپىمىزدا نۇرغۇن گۈمبەزلەر بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا شېرىك ۋە بىدئەتلەردىن كۆپلىگەن نەرسىلەر ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ، الله بۇنى بىلىپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىسى شېرىك بولسا، بەزىسى بىدئەتتۇر. مەسىلەن، ئۆلۈكتىن ياردەم تىلەش، مېيىتتىن دۇئا ئېلىش قاتارلىقلار شېرىككە تەۋە؛ قەبرىنى تاۋاپ قىلىش، قەبرىنىڭ قېشىدا دۇئا قىلىش ۋە قەبرىدىن بەرىكەت تىلەش قاتارلىقلار بىدئەتكە تەۋە بولۇپ، ھەر بىر نەرسىنى الله ئۆز ئورنىغا قويغان (يەنى بىدئەتنى بىدئەت، شېرىكنى شېرىك ھالىتىدە ئۆز ئورنىغا قويغان). شۇڭا بىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

قەبرە بۇت ئەمەس، قەبرىنى ھۇبەل (پەيغەمبەر ﷺ دەۋرىدىكى بىر بۇتنىڭ ئىسمى) دەپ چۈشەنمەيمىز. قەبرىنى ھۇبەل بىلەن بىر قاتاردا قويۇش خاتا چۈشەنچىدۇر، گەرچە كىشىلەر بۇ ئارقىلىق الله قا شېرىك كەلتۈرۈپ شۇ بۇتلارغا چوقۇنغان تەقدىردىمۇ؛ ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بۇت بارچە مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە بىردەك رەت قىلىندۇ لېكىن قەبرىنى زىيارەت قىلىش دۇرۇس. بەزى كىشىلەر سالىھ ئادەملەرنىڭ قەبرىسىنىڭ قېشىدا دۇئا قىلىش، سالىھ ئادەملەرنىڭ قەبرىسىدىن بەرىكەت ئۈمىد قىلىشقا ئوخشاش بىر قىسىم بىدئەتلەرنى قەبرىنى زىيارەت قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالغان بولۇپ، ئۇنى «شېرىك ئەمەس» دەپ قارايدۇ. ھېچقانداق بىر ئەھۋالدا بۇت قەبرىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنمايدۇ. بۇتلارنى، شېرىكنى ۋە گۈمبەزنى يىقىتىشقا قاچان قادىر بولالىسىڭىز ۋە قاچان شۇنداق قىلىشقا ئىمكانىيىتىڭىز يەتسە، سىزگە شۇنداق قىلىش زۆرۈر بولىدۇ لېكىن قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى يوقىتىش - ھۇبەل، مانات، ئۇززانى يوقاتقانلىق ھېسابلانمايدۇ. بۇ تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىش. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «قاچانىكى قوپۇرۇلغان قەبرىنى كۆرسەم ئۇنى تۈزلىۋېتىمەن» دېگىنىگە ئوخشاش، قوپۇرۇلغان قەبرىنى تۈزلىۋېتىش ۋاجىبتۇر.

بىز بۇ يەردە سىزنىڭ ئۈستىڭىزدە ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرىڭىزنىڭ بارلىقىنى ھەمدە قۇدرەت تېپىشىڭىزمۇ ۋاقتى - سائىتى بارلىقىنى سىزگە بىلدۈرۈپ قويۇشنى مەقسەت قىلىۋاتىمىز.

پەيغەمبەر ﷺ: «بۇ كىشى باش بولۇۋالغان ئەخمەق كىشى» دېدى. بىز مۇشۇ گەپكە ئاساسەن «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ كىشى باش بولۇۋالغان ئەخمەق كىشى بولسا ئۇنى مەنسىپىدىن ئايرىۋەتكىن، نېمە ئۈچۈن ئۇنى غەتافانغا باش قىلىپ قويىسەن؟» دەيمىزمۇ؟! پەيغەمبەر ﷺ مەككىنى فەتھە قىلىپ كىرگەن ۋاقىتتا بۇ مۇناپىقنى «باش بولۇۋالغان ئەخمەق» دېگەن تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا ئۇنى ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويىدۇ؟ «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ مۇناپىق ساڭا يېقىنلىشىپ ۋە سەن توغرۇلۇق خەۋەر ئىگىلەپ كاپىرلارغا سېنىڭ ئەھۋالىڭنى خەۋەر قىلىپ قويۇشى مۇمكىن!» دېيىلىسىمۇ، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ئۆز ئورنىدا بۇرۇنقى ھالىتىدە قالدۇردى ھەتتاكى ئۇنىڭغا شۇ ھالەتتە ئۆلۈم يەتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى ۋە ئۇنى كېپەنلەش ئۈچۈن كىيىم بەردى. ئۇ مۇناپىقنى يوقىتىش مۇھىممۇ ياكى سۈرەتلەرنى يوقىتىشمۇ؟ ئىككى ئىشتىن قايسىسى ۋاجىبراق؟

ئى قېرىنداشلار! شەرىئەتنىڭ ئەقىلگە زىت ئەمەس بەلكى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى، سىلەرنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىڭلارنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ياكى ئۇنداق - مۇنداق ئىشلار ئۈچۈن كەلمىگەنلىكىنى بىلىۋېلىشىڭلار كېرەك.

بۇ شەرىئەت الله تعالى نىڭ نازىل قىلغىنىغا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەقسەت قىلغىنىغا ۋە ساھابە كىرام رضي الله عنهم لارنىڭ ئىجرا قىلغىنىغا ئوخشاش كەڭرى شەرىئەتتۇر. بۇ شەرىئەت سىز ئارزۇلاۋاتقان، سىز كۆزلەۋاتقان ۋە سىز شېرىن چۈشلىرىڭىزدە كۆرۈۋاتقان شەرىئەت ئەمەس. الله بىلەن قەسەمكى، مانا بۇلار ھەقىقەتەن مۇھىم ۋە كاتتا ئىشلاردۇر، بۇلارنى ئۆز چۈشەنچىڭىز ئارقىلىق بۇزۇپ قويماڭ. ئالىملاردىن سوراڭ، ئىلىم ئەھلىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىڭ. الله بۈيۈك ۋە مۇقەددەس كىتابى بولغان قۇرئان كەرىمدە: «بۇنى بىلمىسەڭلار ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار» (سۈرە نەھل 43- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دەپ سىزنى ئۇلارغا (يەنى ئىلىم ئەھلىلىرىگە) مۇراجىئەت قىلىشقا بۇيرۇغان. الله يەنە مۇنداق دەيدۇ: «(شۇ) خەۋەرنى چىقارغۇچىلار ئۇنى (يەنى شۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى) ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى» (سۈرە نىسا 82- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

يەنى چۈشىنىدىغان ۋە چۈشەندۈرەلەيدىغان كىشىلەرگە مۇراجىئەت قىلىڭ. كاللىڭىزدىكى ئويىڭىز بويىچە شەرىئەتنى ئىجرا قىلىپ قويماڭ ياكى سىز چۈشەنگەن نەرسە سەۋەبلىك كىشىلەرنى ھەربىر ئىشتا بىدئەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشتىن، پاسىقلىققا ئېلىپ بارمايدىغان ئىشلاردا پاسىقلىققا نىسبەت بېرىپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەڭ.

بەزىلەر ئۆزىنىڭ كەمچىل چۈشەنچىسىگە ئاساسەن سىزنى ئىسلامدىن چىقىرىۋېتىدۇ، يەنى الله نىڭ شەرىئىتىنى چۈشەنمىگەنلىكى سەۋەبىدىن باشقىلارنى دىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. ھېچكىم ئۇلاردىن بۇنى تەلەپ قىلمىغان ئىدى. سىز ئىلىم ئەھلىلىرىدىن بولغان ئالىملارنىڭ يېنىغا بېرىپ سوراڭ. شۇندىلا رېئاللىقنى چۈشىنەلەيسىز. لېكىن سىز خۇددى شەرىئەت سىزنىڭ قولىڭىزدىكىدەك شەرىئەتكە چات كېرىۋېلىپ، ئۆزىڭىزنى قانداق ھۆكۈم قىلىشنى خالىسا، شۇنداق ھۆكۈم قىلىدىغان قازى، ھاكىم ياكى مۇفتى قىلىۋالدىڭىز. سىز مۇشۇ ھالەتتە تۇرۇقلۇق كىشىلەر گېپىڭىزگە قۇلاق سالماي قالسا ئۇلارنى پاسىق، كاپىر ۋە بىدئەتخورلار قاتارىغا چىقىرىپ قويىسىز تېخى، الله ساقلىسۇن! بۇنداق قىلىش دىنغا چەكلىمە قويغانلىق ۋە چۈشەنچىدىكى چولتىلىق بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋالدا سىز يوقىتىش كېرەك بولغان چوڭ بىدئەتخور ھەمدە يامانلىقنىڭ سەۋەبچىسى بولۇپ قالىسىز. الله تىن بىزنى سالامەت قىلىشنى سورايمىز.

ئى قېرىنداشلار! دىن — ئۆگىنىش، ئۆلگە ئېلىش ۋە راستچىل ھەققانىي بولغان ئالىملاردىن سوراش ئارقىلىق بىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى دىنىنىڭ قاتارىدىندۇر. ئالىملار مەلۇم بىر مەسىلىدىكى ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىدە خاتالىق سادىر قىلسا (بۇ يەردە نادان ئالىملار كۆزدە تۇتۇلمايدۇ) ئۇلاردىن ئىلىم ئالامدۇق؟! ھەربىر ئالىم يېڭىدىن بىرەر ئىشنى پەيدا قىلىپ قالسا ياكى شەرىئەتكە قارشى بولغان بىرەر ئىشنى قىلىپ سالسا، بۇ ئالىمنى تەرك ئېتەمدۇق؟! شۇنىڭ بىلەن «ئىبنى ھەجەر، نەۋەۋىي، ئىبنى ھەزم قاتارلىق ئالىملارنىڭمۇ خاتالىق سادىر قىلىش ئېھتىماللىقى بار» دەپ قاراپ ئالىملارنى تەرك قىلىۋەرسەك ئىش بايا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك بولىدۇ - دە، ئاخىرىدا يەنە بىز قېلىپ قالىمىز. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئالىملارنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ، ئىشنى نۆلدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ بىر نادانلىق. ئۇلارمۇ ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن ھەربىرىنىڭ مۇئەييەن خاتالىقى، كەمچىلىكى ۋە گۇناھ - مەئسىيىتى بار. ھېچبىر ئادەم ئالىملارنى يەڭگىلتەكلىك بىلەن نەزەردىن ساقىت قىلىشقا قوشۇلمايدۇ. ھەممىمىز ئوخشاش ئىنسان. ئارىمىزدا ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى رضي الله عنهم لار يوق. الله قا شۈكرى، بىز الله تىن ھەر بىر كىشىنىڭ ئەيىبىنى يېپىشىنى سورايمىز. الله بىزنىڭ ئەيىبلىرىمىزنى سىر، ئىشلىرىمىزنى گۈزەل قىلىپ بەرسۇن!

بىزنىڭ ئەھۋالىمىز مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق باشقىلاردىن ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رضي الله عنهما لار قىلغان ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى تەلەپ قىلامدۇق؟ ئۇلار (يەنى يۇقىرىقى ساھابە كىراملارنى) مۇنداق - مۇنداق ئىشلارنى مەيدانغا چىقارغان دەيمىز ئەمما سىز ئاددىي بىر ئىنسان. شەرىئەت ئۇلارغا ئۇلار بار ۋاقىتتا كەلگەن، بۇيرۇق - پەرمانلارمۇ ئۇلار بار ۋاقىتتا كەلگەن. گەرچە سىز سۆيىملارنىڭ نەزىرىدە يۇقىرى مەرتىۋە ۋە ئىخلاسمەنلىك دەرىجىسىگە يېتىپ كەتسىڭىزمۇ بۇ خىل ئىشلارنى ئاڭقىرالىشىڭىز، مەيدانىڭىز ئوچۇق ۋە ئېنىق بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، بىز بۇ ئىشلارنى تولۇق ئىگىلىشىمىز ۋە بۇ ئىشلار نەزىرىمىزدە شەرىئەتنى تەتبىقلاش شەرىئەتتە ئېنىق روشەن بولۇشى كېرەك.

چەكلىمە تۇرغۇزۇۋېلىش ئەمەس. شەرىئەتنى تەتبىقلاش شەرىئەتنى سىز ئىنتىلگەن شەكىلدە، سىز تەسەۋۋۇر قىلغان دائىرىگە كىرگۈزۈش دېگەنلىكمۇ ئەمەس. قۇدرەت تېپىش سىزنىڭ ئويىڭىز بويىچە بولمايدۇ. شۇڭا كىشىلەرگە گەدىنىڭىزدىكى ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى بېرىڭ، كىشىلەر سىزدىن ئۆز ھەقلىرىنى تەلەپ قىلىشىۋاتىدۇ. ئۇلار ئاچلىقتىن ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كەتسە بولامدۇ؟! دۈشمەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، باشقا ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا سىز «مېنىڭ سىلەرگە دەررە بېرىش ۋە سىلەرگە جازا ئىجرا قىلىشتىن باشقا مەجبۇرىيىتىم يوق» دەۋاتىسىز. بىلىڭكى، بۇ شەرىئەتنى تەتبىقلىغانلىق ئەمەس، قۇدرەت تاپقانلىقمۇ ئەمەس.

بىز الله سبحانه وتعالى دىن سىلەرنى ۋە بىزنى ھىدايەت قىلىشنى، ئىلىملىرىمىز بىلەن مەنپەئەتلەندۈرۈشنى، زېمىندا الله نىڭ ھۆكۈمنى تەتبىقلاشقا مۇۋەپپەق قىلىشنى ۋە مەنپەئەتلىك ئىلىملەرنى ئاتا قىلىشنى سورايمىز!

الله نىڭ رەھمىتى، سالامى ۋە بەرىكىتى مۇھەممەد ﷺ گە، مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە بولسۇن!

أن الحمد لله رب العالمين

---

① مۇكۇلا — ھەزرىمەۋتتىكى چوڭ بىر شەھەرنىڭ نامى.




■ 6- ئاينىڭ 14- كۈنى ئەنسارۇلفۇرقان جامائىتى مۇجاھىدلىرى ئىراننىڭ پەلۇجىستان رايونىغا بىر گۇرۇپپا ئىنغىماسچى بۇرادەرلەرنى ئەۋەتىپ، شىئە كاپىرلىرىغا قارشى چوڭ بىر ئەمەلىيەت ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە 100 دەك شىئە كاپىرلىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 6- ئاينىڭ 14- كۈنى شام مۇجاھىدلىرى ھەلەب ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبى قىسىملىرىدا كەڭ كۆلەملىك جەڭ ئېلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە خالىسە ۋە زىتان يېزىلىرى مۇجاھىدلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. كاپىرلاردىن 100 گە يېقىنى ئۆلۈپ، نۇرغۇنلىرى يارىلانغان.

■ 6- ئاينىڭ 15- كۈنى تاغۇت قوشۇنلىرى سۈرىيىنىڭ لازىقىيە ۋىلايىتى جەبەل تۈركمەن رايونىدىكى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز رىباتتا تۇرۇۋاتقان ئورۇنلارغا كەڭ كۆلەمدە ئىلگىرىلەپ، بىر قىسىم جايلارنى كونتروللۇقىغا ئېلىۋالغان. 6- ئاينىڭ 16- كۈنى كەچتە جامائىتىمىز مۇجاھىدلىرى ئەنسار قېرىنداشلار بىلەن بىرلىكتە قولدىن كەتكەن زېمىننى قايتۇرۇۋېلىش جېڭىنى باشلاپ، الله نىڭ ياردىمى بىلەن كاپىرلار ئىگىلىۋالغان بۇرج ھايات، ئىين ئېس، شەھرۇرا ۋە قارمەنلىيە يېزىلىرىنى قايتۇرۇۋالغان. جەڭ جەريانىدا كاپىرلارنىڭ بىر دانە قورال - ياراغ ئىسكىلاتى ۋەيران بولغان. زۇكىيەك، شالاكانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېغىر - يېنىك تىپتىكى قورال - ياراغلار غەنىيمەت ئېلىنغان ۋە 17 نەپەر شىئە كاپىرلىرى ئۆلتۈرۈلگەن.

■ 6- ئاينىڭ 16- كۈنى شىئە كاپىرلىرى سۈرىيىنىڭ ھەلەب ۋىلايىتى ماراتا يېزىسىغا كەڭ كۆلەمدە ئىلگىرىلىگەن بولسىمۇ، الله نىڭ مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنى سابىت قىلىشى بىلەن، كاپىرلار كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمەيلا قالماستىن نۇرغۇنلىرى ئۆلۈپ، نۇرغۇنلىرى يارىلانغان ۋە ئىران، ئىراق شىئەلىرىدىن بىر نەچچىسى ئەسىرگە چۈشكەن.

■ سۈرىيىنىڭ ھەلەب ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبى قىسىملىرىدا ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەردە، ھازىرغىچە شىئە كاپىرلىرىدىن 2000 دىن ئارتۇقى ئۆلۈپ، 4000 دىن ئارتۇقى يارىلانغان. نەچچە ئونلىغان ئىران، ئىراق، لىۋانلىق شىئە كاپىرلىرى ئەسىرگە چۈشكەن.

■ 6- ئاينىڭ 20- كۈنى يەمەن ئەلقائىدە مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ ئىب ۋىلايىتى دەمىت رايونىدا شىئە كاپىرلىرىغا قارشى مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە 6 نەپەر شىئە كاپىرلىرى ئۆلگەن، 7 نەپىرى يارىلانغان.

■ 6- ئاينىڭ 21- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ قىنىسھىدرى شەھىرى ئەتراپىدا سومالى ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ ئەسكەرلىرىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە 10 نەپەر تاغۇت ئەسكىرى ئۆلۈپ، قورال - ياراغلىرى غەنىيمەت ئېلىنغان.

■ 6- ئاينىڭ 21- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ جەۋھەر شەھىرىدە ئابدۇلۋەلىد ئىسىملىك شىبىلى ۋاستا رايونىنىڭ ئىستىخبارات مەسئۇلىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تىببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته